# قىز-خانىملارنىڭ ھەيزدار ۋاقتىدا قۇرئان ئوقۇشىنىڭ ھۆكمى

[ئۇيغۇرچە]

قراءة القرآن أثناء الحيض
[باللغة الأويغورية]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەزىزى

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 - 2008

islamhouse.com

# قىز-خانىملارنىڭ ھەيزدار ۋاقتىدا قۇرئان ئوقۇشىنىڭ ھۆكمى

2564-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

ئاياللار ھەيزدار ۋاقىتلىرىدا قۇرئان ئوقۇسا بولامدۇ؟

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

كۆپچىلىك پىقھشۇناس ئالىملار ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرۈپ پاكىزلانغۇچە بولغان ئارىلىقتا قۇرئان ئوقۇشى توغرا ئەمەس(ھارام)، قۇرئان تىلاۋىتىنى مەقسەت قىلماستىن بەلكى زىكىر بىلەن دۇئانى مەقسەت قىلىپ يادقا ئوقۇسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مەسىلەن: بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئىننا لىللاھى ۋە ئىننا ئىلەيھى راجىئۇن،(بىزنى ئاللاھ ياراتقان بىز ئاللاھنىڭ تەربىيىگە قايتىمىز) ۋە رەببەنا ئاتىنا پىددۇنيا ھەسەنە .......( ئى ئاللاھ بىزگە دۇنيا ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن) دېگەنگە ئوخشاش ئومۇمى زىكىر ياكى دۇئا مەنىسىدە كەلگەن قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇسا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۇلار ئاياللارنىڭ ھەيزدار ھالىتىدە قۇرئان ئوقۇشىنىڭ توغرا بولمايدىغانلىقىنى تۆۋەندىكى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايدۇ:

1- ئاياللارنىڭ ھەيزدارلىق ھالىتى جۇنۇپلۇق ھالىتىدىكىگە ئوخشاش بولۇپ ھەر ئىككىلىسىگە غۇسلى قىلىش پەرز قىلىنغان. ئەلى ئىبنى ئەبۇ

تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىتەتتى ۋە جۇنابەتتىن باشقا ئىش قۇرئان ئۆگۈتۈشتىن چەكلەپ قويمايتتى دېيىلگەن». بۇ ھەدىس ئەبۇ داۋۇد(1\281)، تىرمىزىي(146)، نەسائىي(1\144)، ئىبنى ماجە(1\207)، ئەھمەد(1\84)، ئىبنى خۇزەيمە (1\ 104) قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان. ئىمام تىرمىزىي: بۇ ھەدىسنى ياخشى سەھىھ ھەدىس دېگەن. ھاپىز ئىبنى ھەجەر: ھەقىقەتتە بۇ ھەسەن بولغان ھەدىسلەردىن بولسىمۇ ئەھكامدا ھۆججەت قىلىشقا بولىدۇ دېگەن.

2- ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەيىزدار ئاياللار بىلەن جۇنۇپ بولۇپ قالغان كىشىلەر قۇرئاندىن ھېچ نەرسە ئوقۇمىسۇن». بۇ ھەدىسنى تىرمىزىي(131)، ئىبنى ماجە(595)، بەيھەقىي(1\89)، دارى قۇتنىي(1\117) قاتارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنغان. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە(21\460) تە: بۇ ھەدىسنى ھەدىسشۇناس مەشھۇر ئالىملار زەئىپ دەپ قارايدۇ دېگەن. نەسبۇررايە(1\195) ۋە تەلخىس ئەلھۇبەير(1\183) ناملىق ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

بىر قىسىم ئالىملار ھەيىزدار ئاياللار قۇرئاننى يادقا ئوقۇسا (قۇرئان كەرىمنى تۇتماستىن) دۇرۇس بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئىمام مالىك، ئىمام ئەھمەد، شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە قاتارلىقلارنىڭ كۆز قارىشى بولۇپ، ئىمام شەۋكانىمۇ ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىنى كۈچلاندۇرۇپ تۆۋەندىكى دەلىللەرنى كەلتۈرىدۇ:

1ـ قۇرئان ئوقۇش ئەسلىدە توغرا بولغان ھالال ئىش بولۇپ بۇنىڭدىن چەكلەش ئۈچۈن كەسكىن دەلىل بولىشى كېرەك. بۇ يەردە ھەيىزدار ئاياللارنىڭ قۇرئان ئوقۇشىنى چەكلەيدىغانغا ئوچۇق كەسكىن دەلىل يوق. شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە: "ھەيىزدار ئاياللارنىڭ قۇرئان ئوقۇشىنى چەكلەيدىغان ئۈچۈن شەرىئەتتە كەسكىن تېكىست يوق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىمۇ ئاياللار ھەيز كۆرەتتى، ئۇلار ھەيىزدار ھالىتىدە زىكىر ئېيتىپ دۇئا قىلىشتىن چەكلەنمىگەندەك قۇرئان ئوقۇشتىنمۇ چەكلەنمىگەن"دەيدۇ.

2ـ ئاللاھ بەندىلەرنى قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرىدى، قۇرئاننى كۆپ ئوقۇغانلارنى ماختاپ ئۇلارغا كاتتا مۇكاپات بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئوچۇق دەلىل بولمىغان ئەھۋالدا ھېچ نەرسە ئۇلارنى قۇرئان ئوقۇشتىن چەكلەپ قويمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھەيىزدار ئاياللارنى قۇرئان ئوقۇشتىن چەكلەيدىغان ئوچۇق دەلىل يوق.

3ـ ھەيىزدار ئاياللارنى جۇنۇپ بولۇپ قالغان كىشىلەرگە ئوخشىتىش توغرا ئەمەس، چۈنكى جۇنۇپ بولۇپ قالغان كىشىدە دەرھال غۇسلى قىلىپ پاكىز بولۇش ئىختىيارلىقى بار، ھەيىزدار ئاياللاردا بۇنداق ئىختىيارلىق يوق، بەزەن ۋاقىتتا ھەيزنىڭ مۇددىتى ئۇزۇراپ كېتىدۇ، ئەمما جۇنۇپ بولغان كىشى ناماز ۋاقتى بولغاندا غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇلغان.

4ـ ھەيىزدار ئاياللارنى قۇرئان ئوقۇشتىن چەكلەش بىلەن ئۇلار كۆپ ئەجىردىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ھەتتا قۇرئان ئوقۇشنى ئۇنتۇلۇپ قىلىشى مۇمكىن، تەلىم ئېلىش ياكى باشقىلارغا ئۆگۈتۈش جەريانىدا قۇرئان ئوقۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قىلىشى مۇمكىن.

يۇقۇرىدىكى دەلىللەردىن ھەيىزدار ئاياللارنىڭ قۇرئان ئوقۇشىنى توغرا دېگەن قاراشتىكى ئالىملارنىڭ دەلىلىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكى ئوچۇق بولدى، ئەمما ئاياللار ئېھتىيات قىلىپ پەقەت ئۇنتۇلۇپ قىلىشتىن قورۇققان ۋاقىتىدىلا ئوقۇسا ياخشى بولىدۇ.

دىققەت قىلىدىغان مۇھىم بىر مەسىلە: يۇقىردا ھەيىزدار ئاياللارنىڭ قۇرئان ئوقۇشىنى توغرا دېگەن قاراش پەقەت قۇرئاننى تۇتماستىن يادقا ئوقۇسا بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت، ئەمما ئۇلارنىڭ قۇرئاننى تۇتۇپ ئوقۇشى كۈچلۈك قاراشتا توغرا ئەمەس، چۈنكى تاھارەتسىز كىشىلەرنىڭ قۇرئاننى تۇتۇشى توغرا ئەمەس، ھەيىزدار ئاياللارمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:« قۇرئاننى پەقەت پاك بولغان كىشىلەرلا تۇتىدۇ». ئەمىر ئىبنى ھەزمىنىڭ قولىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەمەن ئەھلىگە يازغان خېتىدە:«دىققەت! قۇرئاننى پەقەت پاك كىشىلەرلا تۇتسۇن» دېيىلگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام مالىك(1\199)، نەسائىي(8\57)، ئىبنى ھىببان(793)، بەيھەقىي(1\87) قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان. ھاپىز ئىبنى ھەجەر: بۇ ھەدىسنىڭ مەشھۇرلىقى سەۋەبلىك بىر قىسىم ئالىملار سەھىھ دېگەن دەيدۇ.

ئىمام شاپىئىي: ئۇ ئالىملارنىڭ قارىشىدا ئەمىر ئىبنى ھەزمىنىڭ قولىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتكەن خېتى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان.

ئىبنى ئابدۇلبەر: تارىخشۇناش ۋە ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىدا بۇ مەكتۇپ توغرىسىدىكى ھەدىس مۇتەۋاتىر (يەنى كۆپلىگەن ساھابىلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس دەرىجىسىدە) ھەدىستەك مەشھۇر

بولغاچقا قوبۇل قىلغان بولۇپ بۇ ھەدىسنىڭ ئىسنادىنى سۆزلەشنىڭ ھاجىتى قالمىدى دەيدۇ.

شەيخ ئەلبانىي بۇ ھەدىسنى سەھىھ دېگەن. تەلخىسىل ھۇبەير(17\4)، نەسبۇررايە(196\1)، ئىرۋائۇل غەلىيل(159\1)، ھاشىيىەتى ئىبنى ئابىدىين (159\1)، ئەلمەجمۇئ (356\1)، كەششاپۇل قەنناىٔ (147\1)، ئەلمۇغنىي(461\3)، نەيلىل ئەۋتار(226\1)، پەتىۋالار مەجمۇئەسى (460\21)، شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ شەرھۇلمۇمتىئ (291\1) قاتارلىق ئەسەرلەرگە قارالسۇن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەيىزدار ئايالىلار قۇرئان ئوقۇسا قۇرئاننى قولىدا تۇتماستىن بەلكى قولىغا پەلەي كىيىپ ياكى پاكىزە لۆڭگە ياكى ياغلىقتەك نەرسىلەرنى ئوراپ تۇتۇشى، قەلەمگە ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن ۋاراقنى ئۆرۈپ ئوقۇشى لازىم، ئەمما قۇرئاننىڭ تاشقىرى مۇقاۋىسىنى تۇتۇپ ئوقۇش خۇددى قۇرئاننى تۇتقانغا ئوخشاش بولىدۇ.

ئىشنىڭ توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.